# ئاتالمىش

## «ئىنجىل-ئال-بارناباس»

## قىپقىزىل بىر يالغانچىلىق

# ئاتالمىش «ئىنجىل ئال-بارناباس» - قىپقىزىل بىر يالغانچىلىق

## سوئال: مەسىھىيلەر («خرىستىئانلار») نېمىشقا «ئىنجىل ئال-بارناباس»نى ئېتىراپ قىلمايدۇ؟

مۇتلەق ئىسپات قىلىنغانكى، «ئىنجىل ئال-بارناباس» دېگەن كىتابنىڭ ھەقىقىي ئىنجىل ۋە مەسىھىي ئېتىقادى بىلەن ھېچقانداق مۇناسىۋىتى يوق. بۇ جەھەتتىن بۇ كىتاب مۇسەيلىما، ئال-فادىل-بىن-رابىئە قاتارلىق زاماندىشلارنىڭ يازغان «يالغان قۇرئان»ىغا ئوخشاش، چوڭ بىر ئالدامچىلىقتۇر.

بۇ كىتابنى ئىنچىكلەپ تەكشۈرۈپ چىققان ئالىملارنىڭ ھەممىسى «روسۇل بارناباس»نىڭ ئىسمى يالغاندىن قويۇلغان بۇ كىتاب، 15-ئەسىردىن ئىلگىرى مەۋجۇت ئەمەس ئىدى، دېگەن ئوخشاش بىر پىكىرگە كەلگەن. شۇ ۋاقىت بولسا، روسۇل بارناباسنىڭ ۋاپاتىدىن تەخمىنەن 1500 يىل كېيىن بولغان!

نۇرغۇن ئابرۇيلۇق مۇسۇلمان يازغۇچىلار ئۆزلىرى بۇ پاكىتقا ۋاستىلىك ئىسپات بېرىدۇ. مەسىلەن، بۇ كىتاب 15-ئەسىردىن ئىلگىرى مەۋجۇت بولغان بولسا، ئۇنداقتا ئال-تابارىي، ئال-بايدھاۋى، ئىبىن كاتىر قاتارلىق ئالىملار چوقۇم بۇ كىتابنى نەقىل كەلتۈرۈپ ئىشلىتىپ: «ئەيسا مەسىھ كرېستتە ئۆلمىگەن» دېگەن بولاتتى. بىراق بۇنىڭ ئورنىدا، ئۇلارنىڭ مەسىھ ئەيسانىڭ ئۆلۈمى توغرىسىدىكى پىكىرلىرى بىر-بىرىگە ئوخشىمايدۇ.

بىز ئەگەر ئال-ماسئۇدى يازغان «ئالتۇن چىمەنزار»، ئىمام ئىمادئۇلدىن يازغان «باشلىنىش ۋە ئاخىرلىشىش»، ئەھمەد ئال-ماگرىزى يازغان «ئىبرىزنىڭ تەھرىرلىمىسى»دەك داڭلىق مۇسۇلمان ئۆلىمالارنىڭ ئەسەرلىرىنى ئاختۇرساق بايقايمىزكى، بۇ كۆزگە كۆرۈنگەن ئالىملار: «مەسىھلەرنىڭ ئىنجىلىدا تۆت يازغۇچىنىڭ – ماتتانىڭ، ماركۇسنىڭ، لۇقانىڭ، يۇھاننىلارنىڭكى بايان قىسىملىرى بار ئىكەن» دەپ بايان قىلىدۇ. مەسىلەن، ئال-ماسئۇدى مۇنداق يازىدۇ: «مەسىھ ئەيسانىڭ ھەم «ئون ئىككى مۇخلىسى» ھەم «يەتمىش مۇخلىسى» ۋە ئۇلارنىڭ ناملىرىنىڭ ھەرقەيەرگە تارقىلىپ كېتىشى، ئۇلارنىڭ قىلغانلىرى ۋە دەپنە قىلىنغان قەبرىلىرى توغرىسىدا توختالغانىدۇق. ئىنجىلنىڭ (يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان) «بايان قىسمى»نى يازغۇچىلاردىن ماتتا بىلەن يۇھاننا «ئون ئىككى مۇخلىس»ىدىن، لېكىن لۇقا بىلەن ماركۇس «يەتمىش مۇخلىس»تىن ئىكەن» (ئال-تانبىھ ۋال ئىشراف»، 136-بەت)

بىز ئەگەر مۇقەددەس كىتاب (تەۋرات، زەبۇر ۋە ئىنجىل)نىڭ كونا كۆچۈرۈلمە نۇسخىلىرىنى تەكشۈرۈپ كۆرۈپ باقساق، بىز بۇ ئاتالمىش «ئىنجىلدىكى «بارناباس قىسمى»»نى تاپالمايمىز. بۇ كونا كۆچۈرۈلمىلەر، مۇھەممەدنىڭ دەۋرىدىن ئاۋۋال كۆچۈرۈلگەن بولۇپ، قۇرئاننىڭ ئۆزى بۇ نۇسخىلار توغرىسىدا توختىلىپ، ئۇلارنىڭ ھەقىقەت ئىكەنلىكىنى تەستىقلايدۇ. شۇنىڭدەك 3-ئەسىردىكى «مەسىھي جامائەتلەرنىڭ ئاقساقاللىرى» تەييارلىغان «مۇقەددەس كىتابنىڭ قىسىملىرى» دېگەن «مۇندەرىجە تىزىملىكى»دە بۇ توغرىسىدا ھېچقانداق گەپ-سۆز يوق.

تارىخىي تەتقىقاتلار بۇ يالغان كىتابنىڭ بىرىنچى نۇسخىسى 1709-يىلى گېرمانىيەدە پەيدا بولغانلىقىنى ئېنىقلىدى. ئۇنى ئىنچىكىلەپ تەكشۈرگەن ھەرقانداق دۆلەتتىكى ئالىملارنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭ مۇقاۋىسىنىڭ نۇسخىسى شەرقچە ئىكەنلىكىنى، ۋە ئەرەبچە ئىزاھاتلىرى بارلىقىنى بايقىدى. قەغىزى ۋە سىياھىنى تەكشۈرگەندە، 16- ياكى 15-ئەسىردە يېزىلغانلىقى ئېنىقلانغان.

ئەنگلىيەلىك ئالىم دوكتور سايىل بولسا بۇ كىتابنىڭ ئىسپانىيە تىلىدا يېزىلغان بىر نۇسخىسىنى تاپتى. بۇ نۇسخىنىڭ كىرىش سۆزىدە: «ئاقساقال ئىرانېئۇسنىڭ روسۇل پاۋلۇسقا قارىتا تەنقىد خېتى» توغرۇلۇق توختىلىدۇ. ئەمما ھەرقانداق تارىخشۇناس ئىرانېئۇسنىڭ يازغانلىرىدىن «بارناباس قىسمى» توغرۇلۇق ھېچقانداق گەپنى ۋە ياكى روسۇل پاۋلۇسقا قارىتىلغان ھېچقانداق تەنقىدنى تاپالمايدۇ؛ ئىرانېئۇس بارناباسنى ھېچ تىلغا ئالماي، پاۋلۇسنىڭ مەكتۇبلىرىنى پات-پات نەقىل كەلتۈرىدۇ.

ھەممىمىز بىلەلەيدىغان ئېنىق بىر پاكىت بار. ئىنجىلدىكى «روسۇللارنىڭ پائالىيەتلىرى» دېگەن قىسىمدا شۇ يېزىلغانكى، روسۇل پاۋلۇس يېرۇسالېم، ئانتاكيا، كونيا، لىسترا ۋە دەربە شەھەرلىرىدە ئىنجىلدىكى خۇش خەۋەرنى جاكارلىغان ۋاقتىدا بارناباس دېگەن كىشى ئۇنىڭغا ھەمراھ بولغان. ئاندىن بارناباس نەۋرە ئۇكىسى ماركۇس بىلەن بىللە سىپرۇس دېگەن ئارالدا ئىنجىلدىكى خۇش خەۋەرنى جاكارلىغان. بۇ ئىسپات بېرىدۇكى، پاۋلۇس، ماركۇس ۋە باشقا روسۇللارنىڭ جاكارلىغان خۇش خەۋىرىگە بارناباسنىڭ ئۆزىمۇ ئىشەنگەنىدى. بۇ خۇش خەۋەر قىسقىغىنە بىر جۈملىدە يەكۈنلىنىدۇ (روسۇل پاۋلۇسنىڭ سۆزلىرى): «**تەۋرات-زەبۇردا ئالدىن ئېيتىلغىنىدەك، مەسىھ گۇناھلىرىمىز ئۈچۈن ئۆلدى ؛ ئۇ دەپنە قىلىندى ؛ ۋە ئۈچىنچى كۈنى يەنە تەۋرات-زەبۇردە ئالدىن ئېيتىلغىنىدەك تىرىلدۈرۈلدى ؛ ئۇ كىفاسقا، ئاندىن ئون ئىككىيلەنگە كۆرۈندى ؛ ئاندىن ئۇ بىر سورۇندا بەش يۈزدىن ئارتۇق قېرىنداشقا كۆرۈندى ؛ ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى بۈگۈنكى كۈندە تىرىك، ئەمما بەزىلىرى ئۆلۈمدە ئۇخلاۋاتىدۇ ؛ ئۇ ياقۇپقا، ئاندىن روسۇللارنىڭ ھەممىسىگە كۆرۈندى ؛ ھەممىسىدىن كېيىن ئۇ خۇددى ۋاقتىسىز تۇغۇلغان بوۋاقتەك بولغان ماڭىمۇ كۆرۈندى**» («1كور.» 3:15-8). ئەمما «بارناباس قىسمى»دا بۇ تۈپ پاكىتنىڭ ئىنكار قىلىنغانلىقى ئوپئوچۇق كۆرۈنىدۇ، ئۇ كىتاب بىر توقۇلما،

خالاس.

بەزى ئالىملار «بارناباس قىسمى»نى يازغۇچى ئىسلام دىنىغا كىرگەن مارىنو ئىسىملىك (ئىسلامغا كىرگەندىن كېيىن ئۆز ئىسمىنى «مۇستافا ئالئاراندى»غا ئۆزگەرتكەن) ئىتالىيەلىك بىر موناخ ئىدى، دېگەن پىكىردە. باشقا ئالىملار بۇ كىتابنىڭ ئەسلى نۇسخىسى ئىتالىيە تىلىدا ئەمەس، بەلكى ئەرەب تىلىدا يېزىلغان دېگەن پىكىردە. بۇنىڭ سەۋەبى، ئاتالمىش «ئىنجىلدىكى بارناباس قىسمى»نى ئوقۇغان ھەرقانداق كىشى شۇنى كۆرەلەيدۇكى، يازغۇچىسى قۇرئان توغرۇلۇق كەڭ بىلىمى بار ئادەم. تېكىستلەرنىڭ كۆپىنچىسى دېگۈدەك قۇرئاندىكى ئايەتلەردىن سۆزمۇسۆز، جۈملىمۇجۈملە تەرجىمە قىلىنغان. ئاشۇنداق پىكىردە تۇرغۇچىلاردىن ئەڭ دەسلەپتىكىلەردىن بىرى بولسا، مىلادىيە 18-ئەسىردە ئۆتكەن ۋائىت دوكتور دېگەن ئالىم ئىدى.

## «ئىنجىل بارناباس»نىڭ مۇئەللىپى (ئاپتورى) «ئىسلام دىنىغا كىرگەن بىر خرىستىئان» ئىدى

ئالىملارنىڭ پىكىرلىرى قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، شۈبھىسىزكى، بۇ كىتاب قۇرئاندىكى تېكىستلەرگە ئەگەشكەن ھالدا مەسىھ ئەيسانىڭ ھاياتىنى بايان قىلىدۇ. بۇ پاكىت بىزنى ئاپتورى ئىسلام دىنىغا كىرگەن بىر خرىستىئان دېگەنگە ئىشىنىشكە مايىل قىلىدۇ. نۇرغۇن يەرلىرى، كونا مۇسۇلمان يازغۇچىلارنىڭ يازمىلىرىغا ئوخشاپ كېتىدۇ، مەسىلەن «ئالئىتىنفات ئالسانىيا بىل ئاخادىس ئالقۇددۇسسىياھ»، «ئالئانۋار ئالمۇھاممادىيياھ مىن ئال ماۋاھىب ئال لادۇنىيياھ»، «ئال ئىسرا مۆجىزە كۇبرا» ۋە باشقا كىتابلار.

# مۇقەددەس ئىنجىلغا قارمۇقارشى يەرلىرى

مول ئىسپات باركى، «بارناباس قىسمى»نىڭ ئاپتورىنىڭ، مەيلى مەسىھ ئەيسانىڭ روسۇللىرى بىلەن، مەيلى مۇقەددەس روھنىڭ ۋەھيىسى بولغان ئىنجىلنىڭ كۆپ قىسىملىرىنى خاتىرىلىگەن مۇخلىسلار بىلەن ھېچقانداق مۇناسىۋىتى يوق ئىدى. بۇلارنىڭ ئېنىق ئىسپاتلىرى تۆۋەندىكىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ: –

(1:1) ئاپتورىنىڭ، تەۋرات ۋە ئىنجىلدىكى ۋەقەلەر يۈز بەرگەن پەلەستىن ۋە ئەتراپىدىكى يەرلەرنىڭ جۇغراپىيىسى توغرۇلۇق خەۋەرسىزلىكى: –

ئاپتور مۇنداق دەيدۇ: –

«ئەيسا گالىلىيە دېڭىزىنىڭ قىرغىقىغا بېرىپ، ئۆز شەھىرى بولغان ناسارەتكە باردىغان كېمىگە چىققاندى» (20:1-2). ھەممە ئادەملەرگە تونۇشلۇقكى، ناسارەت دېگەن شەھەر يازغۇچىنىڭ دېگىنىدەك دېڭىز بويىدا ئەمەس، بەلكى گالىلىيەدىكى چوڭ بىر دۆڭ ئۈستىگە قۇرۇلغان.

(2:1) باشقا بىر يەردە ئاپتور مۇنداق دەيدۇ: –

«ئېيسىگلاردا بولسۇنكى، خۇدا نىنەۋە شەھىرىنى ھالاك قىلىش قارارىغا كەلدى. ئۇ (يۇنۇس پەيغەمبەر) خەلقلىرىدىن قورقۇپ تارسۇسقا قېچىشقا تەمشەلگەندى. بىراق خۇدا ئۇنى دېڭىزغا تاشلىۋېتىپ، بىر بېلىققا يۇتقۇزۇپ، ئاندىن ئۇنى نىنەۋە شەھىرىنىڭ يېنىغا قۇستۇردى» (63:4-7).

نىنەۋە شەھىرى ئاسۇرىيەنىڭ پايتەختى بولۇپ، تىگرىس دەرياسىنىڭ شەرقىي قىرغىقىدا، ئال-قىسىر ناملىق بىر ئېقىندا قۇرۇلغانىدى. شۇڭا نىنەۋە شەھىرى ئۇ ئاپتور دېگەندەك ئەمەس، بەلكى ئوتتۇرا دېڭىزدىن بىرنەچچە مىڭ كىلومېتىر يىراقلىقتا!

(2) ئاپتورنىڭ مەسىھ ئەيسانىڭ تۇغۇلۇشى ۋە نەسەبنامىسى

(شەجەرىسى) توغرۇلۇق خەۋەرسىزلىكى: —

بۇ يالغان كىتابنىڭ 3-بابىدا مۇنداق يېزىلغان: — «*ئەيسا تۇغۇلغان ۋاقتىدا پىلاتۇس دېگەن كىشى يەھۇدىيلارنىڭ ۋالىيسى، ئانانىياس ۋە كايافاس دېگەن كىشىلەر «رابىيلار» (ئۆلىمالار)نىڭ رەھبەرلىكىدە بولغان*».

بۇ توغرا ئەمەس، ئەپسانە گەپتۇر. پىلاتۇس بولسا مىلادىدىن كېيىن 26-يىلىدىن 36-يىلىغىچە ۋالىي بولغان. ئانانىياس بولسا مىلادىدىن كېيىنكى 6-يىلىدىن باشلاپ، كايافاس 8-يىلىدىن باشلاپ، 36-يىلىغىچە رابىيلارنىڭ رەھبەرلىكىدە بولغانىدى. «مىلادىيە» دېگەن گەپ مەسىھنىڭ تۇغۇلغان ۋاقتى ئىكەنلىكى ھەممىمىزگە ئايان (ھازىرقى تارىخشۇناسلارنىڭ ھېسابلىشىچە، مەسىھ ئەيسا ئەمەلىيەتتە «مىلادىيە»دىن سەل ئىلگىرى تۇغۇلغان).

كىتابنىڭ 142-بابىدا، مەسىھ داۋۇت پەيغەمبەرنىڭ ئەۋلادىدىن ئەمەس، بەلكى ئىسمائىلنىڭ نەسلىدىن بولغان دەپ يېزىلغان. يەنە كېلىپ كىتابتا، خۇدانىڭ ھەزرىتى ئىبراھىمغا قۇتقۇزغۇچى-مەسىھ توغرۇلۇق بەرگەن ۋەدىسى «*ئىسمائىل ئارقىلىق، ئىسھاق ئارقىلىق ئەمەس*» دەپمۇ يېزىلغان (14:124). بۇ بولسا ناھايىتى چوڭ خاتالىق. مەسىھنىڭ ئىنجىلدا («ماتتا»دا ۋە «لۇقا»دا) خاتىرىلەنگەن نەسەبنامىسىنى ئوقۇغان ھەرقانداق كىشى مەسىھنىڭ ئىسھاقنىڭ نەۋرە ئوغلى بولغان يەھۇدادىن چىققان قەبىلىسىدىن، شۇڭلاشقا داۋۇتنىڭ نەسلىدىن چىققانلىقىنى ئېنىق كۆرەلەيدۇ.

(3) كىتابنىڭ يازغۇچىسى ئىنجىلغا پۈتۈنلەي قارمۇقارشى بولغان بىرنەچچە ھېكايە-رىۋايەتلەرنى كىتابنىڭ ئىچىگە ئالغان. تۆۋەندە ھېكايىلەردىن ئالغان مىساللار: —

«*خۇدا شەيتانغا ئەگەشكۈچىلەرگە: «نوۋا قىلىپ ئۆزۈمنى سىلەرنىڭ ياراتقۇچىڭلار دەپ ئېتىراپ قىلىڭلار» دېگىنىدە، ئۇلار: «سېنىڭ ئادىلسىز بولغانلىقىڭدىن، بىز ساڭا ئىبادەت قىلىشتىن ياندۇق. شەيتان بولسا ئادىل، گۇناھسىز بولۇپ بىزنىڭ رەببىمىز» --*

دېدى. شەيتان كېتىپ قالغىنىدا ئازراق چاڭ-توپا ئۇستىگە تۆكۈلۈپ قويدى. جەبرائىل بولسا ئۇنىڭ تۆكۈلۈكىنى چاڭ-توپىنىڭ ئېزى بىلەن ئېلىپ كۆتۈردى، نەتىجىدە ھەربىر ئىنسانىنىڭ بىر كىندىكى بولغان» .(27-25:35)

«ئەيسا ئۇلارغا جاۋاب بېرىپ مۇنداق دېدى: «شۈبھىسىزكى، شەيتان ئاسىيلىق قىلىپ تىيىلىپ يىقىلغىنىدا مەن ئۇنىڭغا ھېسداشلىق قىلدىم ۋە ئۇ ۋەسۋەسە قىلغان ئىنسانىيەتكە ھېسداشلىق قىلىمەن. شۇڭا مەن روزا تۇتۇپ خۇدايىمغا دۇئا قىلدىم. ئۇ ماڭا پەرىشتە جەبرائىل ئارقىلىق: «ئى ئەيسا، سەن نېمىنى خالايسەن، سېنىڭ نېمە تىلاۋىتىڭ بار؟» دەپ سورىدى. مەن: «ئى پەرۋەردىگار، شەيتان ھەرقانداق رەزىللىكنى دۇنياغا كەلتۈرىدۇ؛ ئۇ دەرۋەقە سەن ياراتقان مەخلۇق بولغاندۇر، نۇرغۇن كىشىلەرنى ۋەسۋەسە بىلەن بۇزىدۇ. ئى پەرۋەردىگارىم، ئۇنىڭغا رەھىم قىل».
خۇدا: «ئى ئەيسا، مانا مەن ئۇنى كەچۈرۈم قىلىۋەتتىم. ئۇ پەقەت: «ئى پەرۋەردىگار خۇدايىم، مەن گۇناھ سادىر قىلغانمەن، ماڭا رەھىم قىل» دېسىلا، مەن ئۇنى كەچۈرۈم قىلىپ، ئۇنى ئەسلى ئەھۋالىغا كەلتۈرىمەن» -- دېدى.
ئەيسا: «بۇنى ئاڭلاپ، مەن بۇنداق ئەپلەشتۈرۈشنى قىلالىسام ئىنتايىن خۇشال بولاتتىم. شۇڭا مەن شەيتاننى چاقىردىم، ئۇ كېلىپ: «سەن ئۈچۈن نېمە قىلىشىم كېرەك؟» دەپ سورىدى. مەن: «بۇ ئىشنى ئۆزۈڭ ئۈچۈن قىلىسەن، چۈنكى مەن سېنىڭ خىزمىتىڭگە قىزىقمايمەن، بەلكى ئۆزۈڭنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن سېنى چاقىردىم» دېدىم. شەيتان: «سەن ئەگەر مېنىڭ خىزمىتىمنى قوبۇل قىلمىساڭ، مەنمۇ سېنىڭكىنى خالىمايمەن، چۈنكى مەن سەندىن ئالىيجانابمەن. سەن چاڭ-توپىدىن كېلىپ چىققان، ئەمما مەن ئۆزۈم روھتۇرمەن» دەپ جاۋاب بەردى» (20-4:51).

ئەقلى بار ھەرقانداق كىشى بۇنداق خۇراپىيلىققا تولغان قۇرۇق گەپلەرنىڭ

خۇدانىڭ ۋەھيىسى بىلەن كەلگەن بىر مۇقەددەس ئىنجىلدىن كەلگەنلىكىگە ئىشىنەلمەيدۇ. بىرىنچىدىن، خۇدا شەيتان ئاسىيلىق قىلغىنىدا ئۇنىڭدىن غەزەپلىنىپ ئۇنى ئۆز ئالدىدىن، ئاسماندىن ھەيدىۋەتكەنىدى. خۇدانىڭ شۇ رىۋايەتتە ئېيتىلغاندەك شەيتان بىلەن بىر «سۆلھ قىلىپ» ئەپلىشىشى ئۆزىنىڭ پاك-مۇقەددەسلىكىگە ھەرگىز ئۇيغۇن ئەمەستۇر.

ئىككىنچىدىن، ئەلمىساقتىن تارتىپ مەسىھ ئەيسا شەيتان بىلەن قاتتىق ئۆرۈشتا بولۇپ كەلمەكتە. ئىنجىلدا مۇنداق دېيىلگەن: «گۇناھ سادىر قىلغۇچى ئىبلىستىندۇر. چۈنكى ئىبلىس ئەلمىساقتىن تارتىپ گۇناھ سادىر قىلىپ كەلمەكتە. خۇدانىڭ ئوغلىنىڭ دۇنياغا ئايان قىلىنىشىدىكى مەقسەت ئىبلىسنىڭ ئەمەللىرىنى يوقىتىشتۇر» (ئىنجىل، «يوھاننا (1)، 3-بابتىن).

ئۈچىنچىدىن، مەسىھ ئەيسا بىلەن بولغان ئۆرۈشتا، شەيتان ئۆزىنى مەسىھ ئەيسادىن ئالىيجاناب دېيىشكە پېتىنالمىدى. ئەكسىچە، مەسىھ ئەيسا كەپەر-ناھۇم دېگەن شەھەردىكى بىر ئادەمگە چاپلاشقان بىر جىننى ھەيدىۋەتكەن ۋاقتىدا، ھېلىقى جىن: «ــ ئەي ناسارەتلىك ئەيسا، بىز بىلەن كارىڭ بولمىسۇن! سەن بىزنى يوقاتماقچىمۇسەن؟ مەن سېنىڭ كىملىكىڭنى بىلىمەن. خۇدانىڭ «مۇقەددەس بولغۇچى»سى سەن!» -- دەپ توۋلاپ كەتتى. مۇشۇ يەردىكى جىن دېگەن «بىز» شۇبھىسىزكى ھەممە جىن-شەيتانلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئىنجىل بويىچە، جىنلار شەيتاننىڭ چاپارمەنلىرى بولىدۇ.

شۈبھىسىزكى، بۇ يالغان كىتابنىڭ يازغۇچىسى مۇسۇلمان ئىدى. ئاتالمىش «بارناباس قىسمى»نى تەپسىلىي ئوقۇغان ھەرقانداق كىشى ئىچىدىكى نۇرغۇن ئىسلامىيەت يازغۇچىلىرىنىڭ سۆزلىرىنى نەقىل كەلتۈرگەنلىكىنى بايقايدۇ. مەسىلەن، 112-بابىدا: ــ

«ئى بارناباس، مەن ھېزى بولۇشۇم كېرەك. چۈنكى مۇخلىسلىرىمدىن

بىرسى ئوتتۇز كۈمۈش تەڭگە باھاسىدا ماڭا ساتقۇنلۇق قىلىدۇ. يەنە كېلىپ، ماڭا ساتقۇنلۇق قىلىدىغان كىشى مېنىڭ ئورنۇمدا ئۆلتۈرۈلىدۇ. چۈنكى خۇدا مېنى يەردىن كۆتۈرىدۇ ۋە ماڭا ساتقۇنلۇق قىلىدىغان كىشىنىڭ قىياپىتىنى ئۆزگەرتىپ قويىدۇكى، ھەممە ئادەم ئۇنى مېنى شۇ، دەپ ئويلايدۇ. ئۇ ناھايىتى ئەشەددىي ھالدا ئۆلىدۇ، شۇڭا مەن ئۇزۇن ۋاقىتقىچە ئاشۇنداق خىجىللىق ئىچىدە تۇرىمەن. ئەمما مۇھەممەد كەلگىنىدە، بۇ خىجىللىق مېنىڭدىن ئېلىپ تاشلىنىدۇ» -- دەپ يېزىلغان (112:13-17). بۇ رىۋايەت ئوتتۇرا ئەسىرلەردىكى ئىسلامىيەتنىڭ ئۇقۇمىغا ئاساسلانغان. ئەمما بۇ ھەم ئىنجىلغا ھەم قۇرئانغا خىلاپ. ھەممە ئادەمگە ئايانكى، ئىنجىل بويىچە مەسىھ ئەيسانىڭ كرېستكە مىخلىنىپ ئۆلۈشى ئالەمنىڭ ئەڭ مۇھىم ۋەقەسىدۇر. قۇرئاندا بولسا: —

«مەن (ئەيسا مەسىھ) تۇغۇلغان كۈنۈمدە، ۋاپات بولغان كۈنۈمدە، تىرىلىپ (قەبرەمدىن) تۇرغۇزۇلغان كۈنۈمدە (ئاللاتائالا تەرىپىدىن بولغان) ئامانلىقتا ئېرىشىمەن» («سۈرە مەريەم» 34-ئايەت)

«ئۆز ۋاقتىدا ئاللا ئېيتتى: «ئى ئەيسا! مەن سېنى (ئەجىلىڭ يەتكەندە) قەبزى روھ قىلىمەن، سېنى دەرگاھىمغا كۆتۈرىمەن (يەنى ئاسمانغا ئېلىپ چىقىمەن) سېنى كاپىرلاردىن پاك قىلىمەن (يەنى سېنى ئۆلتۈرمەكچى بولغان يامانلارنىڭ شەررىدىن (زىيانكەشلىكىدىن) ساقلايمەن)...» (سۈرە ئال-ئىمران، 55-ئايەت).

مۇشۇ قۇرئاندىكى ئايەتلەردە، باشقا بىرنەچچە ئايەتلەرگە ئوخشاش، مۇنداق تەرتىپنى كۆرىمىز: —

(1) مەسىھ ئەيسانىڭ ئۆلۈشى (ئەجىلىڭ يەتكەندە، قەبزى روھ قىلىنىش، ۋاپات بولۇش قاتارلىق ئىبارىلەر بىلەن ئىپادىلەنگەن).

(2) ئۇنىڭ (قەبرىدىن) تىرىلىشى.

(3) ئاسمانغا كۆتۈرۈلۈشى.

مۇنداق ۋەقەلەرنىڭ رېتى ئاتالمىش «بارناباس قىسمى»نىڭ رىۋايىتىگە ئوخشىمايدۇ. يەنى، «بارناباس قىسمى» «قۇرئان»دىكى مەلۇماتقا

قارمۇقارشى.

«تەۋرات، زەبۇر ۋە ئىنجىلنى ئۆزگەتىلگەن» دېگەن يالغان پىتنە-ئىغۋا بىلەن «بارناباس قىسمى» خۇدانى ھاقارەتلەيدۇ.
بۇ كىتابنىڭ 12-بابىدا ئاپتورى تۆۋەندىكى سۆزلەرنى «ئەيسا ئېيتقان» دەۋالىدۇ: ــ
«شۇبھىسىزكى، مەن سىلەرگە ئېيتايكى، مۇسانىڭ كىتابى (تەۋرات)دىن ھەقىقەت ئېلىپ تاشلىۋېتىلمىگەن بولسا، خۇدا داۋۇت ئاتىمىزغا ئىككىنچى كىتاب (زەبۇر)نى بەرمىگەن بولاتتى. ئەگەر داۋۇتنىڭ كىتابى ئۆزگەرتىلمىگەن بولسا، خۇدا «ئىنجىل» دېگەن كىتابنى ماڭا بەرمىگەن بولاتتى، چۈنكى پەرۋەردىگار خۇدا ئۆزگەرمەس ۋە ئىنسانىيەتكە بىر خەۋەرنىلا يەتكۈزمەكچى. كېيىنكى خەۋەرچى كەلگىنىدە، ئۇ ئۆزۈمنىڭ كىتابىمنىڭ بۇزۇلغان يەرلىرىنى ساپلاشتۇرىدۇ».
مۇنداق بايان يەنىلا تەۋراتقا، زەبۇرغا، ئىنجىلغا ۋە قۇرئانغا خىلاپ.
بۇ مەسىلە توغرىسىدا بىزنىڭ ««ئىنجىل مۇقەددەس» ئۆزگەرتىلگەنمۇ؟»» دېگەن كىتابىمىزدا مۇزاكىرىلەشتۇق. مۇشۇ يەردە بىز پەقەت قۇرئاندىكى ئىككى-ئۈچ ئايەتلەرنى نەقىل كەلتۈرىمىز: ــ
«سۈرە يۇنۇس» 94-ئايەتتە: ــ
«(ئى مۇھەممەد) مۇبادا سەن ساڭا بىز نازىل قىلغان كىتابتىن شەكلىنىدىغان (شۈبھىلىنىدىغان، گۇمان قىلىدىغان) بولساڭ، سەندىن ئىلگىرى كىتاب ئوقۇغانلار (يەنى تەۋرات بىلەن ئىنجىل نازىل قىلىنغان يەھۇدىيلار ۋە ناسارالار (مەسىھىيلەر))دىن سوراپ باققىن...».

ئەگەر «ئىلگىرى كىتاب ئوقۇغانلار»نىڭ قولىدىكى تەۋرات، زەبۇر ۋە ئىنجىللار ئۆزگەرتىلگەن بولسا، بۇنداقتا مۇھەممەدنىڭ ئۇلاردىن سورىشىنىڭ نېمە پايدىسى؟
قۇرئاندا بۇنىڭغا ئوخشاش مەزمۇندا يېزىلغان 7-8-ئايەتمۇ بار.

«سۈرە كەھف»، 27-ئايەت: «*ئاللانىڭ سۆزلىرىنى ھېچ كىشى ئۆزگەرتەلمەيدۇ*».
بۇ ھەممىمىزنىڭ خۇلاسىمىز بولسۇن!

مەسىھ ئەيسا مۇنداق دېگەن: «**ئاسمان-زېمىن ئۆتۈپ كېتىدۇ؛ ئەمما مېنىڭ كالام-سۆزلىرىم ھەرگىز ئۆتۈپ كەتمەيدۇ**» (ئىنجىل، «ماتتتا» 24-باب، 35-ئايەت)
ھەممىگە قادىر خۇدا ئۆز كالام-سۆزلىرىنى قانداقمۇ قوغدىيالمىسۇن؟!
«بارناباس قىسمى»نىڭ قۇرئاندىن پەرقلىق نۇرغۇن چوڭ ياكى ئۇششاق-چۈششەك بىرنەچچە يەرلىرىمۇ بار. ئۇششاق-چۈششەك پەرقلەردىن بىرىنى تىلغا ئالساق: —
«*يۈسۈپ، رىم ئىمپېراتورى قەيسەرنىڭ رويخېتىگە تىزىملىنىش ئۈچۈن، ھامىلدار بولغان ئايالى بىلەن گالىلىيەدىكى ناسارەت دېگەن بىر شەھەردىن چىقتى... ئۇ بەيت-لەھەم شەھىرىگە كەلدى، تاۋاپچىلار كۆپ بولغاچقا قونغۇدەك جايىنى تاپالمىدى... ئۇ پادىچىلارنىڭ شەھەر سىرتىدىكى بىر جايىغا باردى. ئۇ يەردە تۇرغىنىدا، ئايالى مەريەمنىڭ ئاي-كۈنى توشۇپ بوشاندى. مەريەمنىڭ ئەتراپى يوپيورۇق ئىدى، بالىنى ھېچقانداق ئازاب-تولغاقسىز تۇغدى*» (بارناباس قىسمىدا بايان قىلىنغىنى).

قۇرئاندا بولسا: «***مەريەم ھامىلدار بولدى، (ئائىلىسىدىن) يىراق بىر جايغا كەتتى. تولغاقنىڭ قاتتىقلىقى ئۇنى (يۆلىنىۋېلىش ئۈچۈن) بىر خورما دەرىخىنىڭ يېنىغا كېلىۋېلىشقا مەجبۇر قىلدى. مەريەم ئېيتتى: « كاشكى مەن بۇنىڭدىن ئىلگىرى ئۆلۈپ كەتكەن بولسامچۇ! كىشىلەر تەرىپىدىن ئۇنتۇلۇپ كەتكەن (ئەرزىمەس) نەرسىگە ئايلىنىپ كەتسەمچۇ!***»» — دەپ ئېيتىلغان («سۈرە مەريەم» 22-23-ئايەت). قارىغاندا مەريەمنىڭ تولغىقى بەك ئېغىر ئىكەن!
بۇنىڭدىن ئېغىرراق بىر چوڭ خاتالىقنى ئالساق، «بارناباس»نىڭ 42-

باب، 5-11-ئايەتلىرىدە: «ئەيسانى ئېتىراپ قىلىپ: «شۈبھىسىزكى، مەن سىلەرگە ئېيتايكى، مەن مەسىھ ئەمەسمەن» — دېدى. ئۇلار ئۇنىڭدىن: «ئۇنداقتا، سەن ئىلىياس پەيغەمبەر ياكى يەرمىيا پەيغەمبەر ياكى باشقا كونا پەيغەمبەرلەردىن بىرسىمۇ؟» — دەپ سورىدى. ئەيسا: «ياق» — دەپ جاۋاب بەردى. ئۇلار ئۇنىڭدىن: «ئۇنداقتا، سەن كىم؟ بىز بىزنى ئەۋەتكەنلەرگە جاۋاب بېرىشىمىز كېرەك» -- دېدى. ئەيسا: «مەن بولسام: «دىللىرىڭلارنى رەببىمنىڭ روسۇلىنىڭ كېلىشىگە تەييار قىلىڭلار!» دېگەن بىر ئاۋاز بولىمەن» — دېدى» -- دېيىلگەن!

لېكىن قۇرئان، «مەسىھ» (قۇتقۇزغۇچى ۋە پادىشاھ) دېگەن ئۇنۋاننىڭ ئەيسانىڭ بىر ئۇنۋانى ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلىدۇ. مەسىلەن: --

«سۈرە ئال ئىمران»، 45-ئايەت: —

«ئۆز ۋاقتىدا پەرىشتىلەر ئېيتتى: «ئى مەريەم! ئاللا ساڭا (ئاتىنىڭ ۋاستىسىسىز) ئاللانىڭ بىر كالامى (سۆزى) بىلەن خۇش خەۋەر بېرىدۇكى، ئۇنىڭ ئىسمى مەسىھ مەريەم ئوغلى ئەيسادۇر، ئۇ دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە ئابرۇيلۇق ۋە ئاللاغا يېقىنلاردىن بولىدۇ.»»

«سۈرە نىسا»، 171-ئايەتتىن مۇشۇنىڭغا ئوخشاش يەنە بىر مىسالنى تاپالايسىز.

بۇ ساختا كىتاب توغرۇلۇق كۆپ سۆزلىشىمىزنىڭ هاجىتى يوق. ۋاقتىنى ئىسراپ قىلىپ ئۇنى ئىككىنچى كۆرگۈچى بولغىنىمىزدىن كۆرە، بىزگە نىجات-قۇتقۇزۇشنى كۆرسەتكەن مۇقەددەس كىتاب، يەنى تەۋرات، زەبۇر، ئىنجىللارنىڭ سۆزىگە دىققىتىمىزنى قويغىنىمىز تۈزۈك.

«پۈتكۈل مۇقەددەس يازمىلارنىڭ (تەۋرات، زەبۇر ۋە ئىنجىلنىڭ) ھەممىسى خۇدانىڭ روھىنىڭ يوليورۇق-ئىلھامى بىلەن يېزىلغان بولۇپ، ئۇ تەلىم بېرىش، تەنبىھ بېرىش، خاتالىقلارنى تۈزىتىش ۋە كىشىلەرنى ھەققانىيەت يولىغا باشلاشقا پايدىلىقتۇر. بۇلار ئارقىلىق خۇدانىڭ ئادىمى تولۇق قوراللىنىپ، بارلىق ياخشى ئەمەللەرنى قىلىشقا تەييار بولالايدۇ»

(ئىنجىل، روسۇل پاۋلۇسنىڭ تىموتىيئۇسقا يېزىلغان 2-خېتى، 3-باب، 16-17-ئايەت)

**«مەنكى بۇ كىتابتىكى بېشارەتنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلىغانلارغا گۇۋاھلىق بېرىپ ئاگاھلاندۇرىمەنكى: كىمدىكىم بۇ سۆزلەرگە بىرنېمىنى قوشسا، خۇدا ئۇنىڭغا بۇ كىتابتا يېزىلغان بالايىئاپەتلەرنى قوشىدۇ. كىمدىكىم بۇ بېشارەتلىك كىتابنىڭ سۆزلىرىدىن بىرەر سۆزنى ئېلىپ تاشلىسا، خۇدامۇ ئۇنىڭدىن بۇ كىتابتا يېزىلغان ھاياتلىق دەرىخىدىن ۋە مۇقەددەس شەھەردىن بولىدىغان نېسىۋىسىنى ئېلىپ تاشلايدۇ.**

**– مانا، بۇلارغا ئاگاھ-گۇۋاھ بەرگۈچى بولسا مۇنداق دەيدۇ: «شۇنداق، پات يېقىندا كېلىمەن!»**

**«ئامىن! كەل، يا رەب ئەيسا!»**

**رەب ئەيسا مەسىھنىڭ مېھىر-شەپقىتى بارلىق مۇقەددەس بەندىلەر بىلەن بىللە بولغاي، ئامىن!»**

(ئىنجىلدىكى ئەڭ ئاخىرقى قىسىم، يەنى «ۋەھىي»نىڭ ئەڭ ئاخىرقى سۆزلىرىدىن).